شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 10 - ئاي
8
پەيشەنبە
维吾尔文 10 月8日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65−0002/−W :مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25208 - سان بۈگۈن 2 بەت

قورغاس پورتى ئارقىلىق چېگرادىن كىرىپ - چىققان جۇڭگو - ياۋروپا (ئوتتۇرا ئاسىيا) نۆۋەتچى پويىزى 10 مىڭ قېتىمدىن ئاشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ساۋ خۇا خەۋەر قىلىدۇ: 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى سائەت 13تىن 10 مىنۇت ئۆتكەندە، چۈشكۈچىدىن يولغا چىققان، كۆندىلىك تۇرلۇك ماللار، ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى قاتارلىق ماللار لىقىدە قاچىلانغان 2021 - قېتىملىق جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى قورغاس تۆمۈريول پورتى ئارقىلىق چېگرادىن چىقتى، 18 كۈندىن كېيىن گېرمانىيەدىكى دۇيسبۇرگقا يېتىپ بارىدۇ. بۇ، قورغاس تۆمۈريول پورتى پۈتۈپ قاتناش باشلانغاندىن بۇيان چېگرادىن كىرىپ - چىققان 10000 - قېتىملىق جۇڭگو - ياۋروپا (ئوتتۇرا ئاسىيا) نۆۋەتچى پويىزى.

2016 - يىلى 6 - ئايدا، قورغاس تۆمۈريول پورتى دۆلەتنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتۈپ، رەسمىي تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈش ئىقتىدارىنى ھازىرلىدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قورغاس تۆمۈريول پورتى تېز تەرەققىي قىلىش يولىغا قەدەم قويۇپ، نۆۋەتچى پويىزنىڭ توشۇش مىقدارى يىلدىن - يىلغا ئاشتى. رەسمىي تىجارەتكە كىرىشتۈرۈلگەن يىلى قورغاس تۆمۈريول پورتى ئارقىلىق چېگرادىن كىرىپ - چىققان جۇڭگو - ياۋروپا (ئوتتۇرا ئاسىيا) نۆۋەتچى پويىزى پەقەت 377 قېتىم بولغانىدى، 2019 - يىلغا كەلگەندە، جۇڭگو - ياۋروپا (ئوتتۇرا ئاسىيا) نۆۋەتچى پويىزىنىڭ چېگرادىن كىرىپ - چىقىش سانى تېز كۆپىيىپ 3403 قېتىمغا يەتتى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت يىغىنى مۇنداق قارار قىلدى

ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 10 - ئومۇمىي يىغىنى 10 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە ئېچىلىدۇ

ئۆز خەۋىرىمىز يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت يىغىنى ئېچىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 10 - ئومۇمىي يىغىنىنى 10 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىشنى قارار قىلدى، يىغىن ۋاقتى ئىككى كۈن.

يىغىننىڭ ئاساسلىق قارالمىلىرى: 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ئەستايىدىل ئۆگىنىلىدۇ، ئىزچىللاشتۇرۇلىدۇ، 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ، ئورۇنلاشتۇرما قىلىنىدۇ؛ ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلىدۇ؛ «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، جاسارەت بىلەن يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭ خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش توغرىسىدىكى قارارى» قاراپ چىقىپ ماقۇللىنىدۇ.

قۇملۇقنى كونترول قىلىش شىنجاڭنىڭ «13 - بەش يىل»نى سۆزلەش

قۇملۇقنىڭ كېڭىيىش ۋەزىيىتى ئۈنۈملۈك توسۇلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ليۇ دۈڭلەي خەۋەر قىلىدۇ: شىنجاڭ ھەم جۇڭگودىكى كۆلىمى ئەڭ چوڭ ئۆلكە - ئاپتونوم رايون، شۇنداقلا جۇڭگودىكى قۇملۇق كۆلىمى ئەڭ چوڭ، يېرى دۈچ كېلىۋاتقان قۇملىشىش تەھدىتى ئەڭ ئېغىر ئۆلكە، ئاپتونوم رايون. «13 - بەش يىل»دىن بۇيان، شىنجاڭ قۇملاشقان يەرلەرنى تۈزەش سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىپ، دائىرىلىك قوغداش، سۈنئىي ياردەم بېرىش، كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش قاتارلىق نۇرغۇن تەدبىرلەرنى قوللاندى، 2019 - يىلىغىچە، قۇملاشقان يەرنى تۈزەش كۆلىمى جەمئىي 24 مىليون 670 مىڭ مو (بىكتۇەننى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ)غا يېقىنلىشىپ، دائىرىسى پۈتۈن شىنجاڭدىكى بارلىق ناھىيە، شەھەرلەرنى قاپلىدى. تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدىكى قۇملۇقنىڭ كېڭىيىش ۋەزىيىتى ئۈنۈملۈك توسۇلدى.

5 - قېتىملىق مەملىكەت بويىچە چۆللىشىش ۋە قۇملىشىشنى كۆزىتىش - ئۆلچەش نەتىجىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، شىنجاڭنىڭ قۇملاشقان يەر كۆلىمى 747 مىڭ 100 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، شىنجاڭ يەر كۆلىمىنىڭ 44.87%نى ئىگىلىگەن، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە قۇملاشقان يەر كۆلىمىنىڭ 43.41%نى ئىگىلىگەن. بۇنىڭ ئىچىدە، خېلى بىر قىسىم رايونلار قۇم - توزان مەنبە رايونى ۋە قۇم - توزانلىق بوراننىڭ يۆتكىلىش يولىغا جايلاشقان بولۇپ، شۇ جاينىڭ ھۆل - يېغىن مىقدارى ناھايىتى ئاز بولغاچقا، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر ئاسانلا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، ئەسلىگە كېلىشى ناھايىتى قىيىن بولغان، ئەڭ ياخشى ئۇسۇل دائىرىلىك قوغداش بولغان.

قۇربانتوڭغۇت قۇملۇقىدىن تەكلىماكان قۇملۇقىغىچە، بوستانلىق بىلەن تۇتاشقان رايونلاردا، قۇملۇق گىرۋەكلىرىنىڭ ھەممىسى سۈنئىي ئورمان، تەبىئىي ئورمان ياكى سۈنئىي قۇم توسۇق قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق قوغدىلىپ، بوستانلىق خاتىرجەم تەرەققىيات ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شىنجاڭ دۆلەتلىك قۇملاشقان يەرلەرنى دائىرىلىك قوغداش رايونىنى پائال تەسىس قىلدى، قوغداش رايونىنى قاشالاش ۋە ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى دائىرىلىك قوغداش مېخانىزمى شىنجاڭنىڭ ئاجىز ئېكولوگىيەسىنى مۇھاپىزەت قىلماقتا، كاتەكچىلەپ ئوت - چۆپ ئۆستۈرۈش قاتارلىق سۈنئىي قۇم توسۇقلىرى قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتىدىغان قاتناش مۇھىم يوللىرىنى مۇھاپىزەت قىلماقتا.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)



□制图/新疆日报视觉中心　陈 潇

ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش بويىچە «100 شەھەر، 1000 ناھىيە، 10 مىڭ كەنتتە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى»

ئۈچتۇرپان ناھىيەسىنىڭ ئوتبېشى يېزىسى ئالاساي كەنتىدە:

ئىشىك ئالدىدا ئىشقا ئورۇنلاشتى بەخت تۇيغۇسىغا چۆمدى

□ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز رىن جياڭ**

9 - ئاينىڭ ئاخىرىدىكى ئۈچتۇرپان ناھىيەسىدە، سەھەردىكى شامال بەزىدە سۆڭەكتىن ئۆتەتتى، ئۈچتۇرپان ناھىيەسىنىڭ ئوتبېشى يېزىسى ئالاساي كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئۇرايىم رازاق ئەتىگەندىلا يۈك ئاپتوموبىلىنى ھەيدەپ يەم - خەشەك، قوي - كالا ساتاتتى، ھەر كۈنى ئەتىگەندىن كەچكىچە ئالدىراش ئۆتەتتى. «ھازىر، ئائىلىمىزنىڭ يىللىق ساپ كىرىمى 40 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئۆلچىمىدىن خېلىلا ئاشتى. مەن يەنە ياخشى ئىشلەپ، ھاللىق ئائىلە بولىمەن» دېدى ئۇرايىم 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا مۇخبىرغا.

ئىككى قولغا تايىنىپ نامراتلىق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلاش ئالىبۇرۇن بۇ كەنتتىكى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئورتاق تونۇشىغا ئايلاندى. 2019 - يىلى، پۈتۈن كەنتتىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەرنىڭ ھەممىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، نامراتلىق يۈز بېرىش نىسبىتى ئەسلىدىكى 27%تىن نۆلگە چۈشتى؛ نامرات كەنتمۇ شۇ يىلى نامراتلىقتىن ئوڭۇشلۇق چېكىنىپ چىقتى. بېيىش يوللىرىنى پائال كېڭەيتىپ، نامرات ئائىلىلەردىكى ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىشقا ئورۇنلىشىپ كىرىمىنى ئاشۇرۇش ئىشىغا ئورنىغا ئىگە قىلىش، «بىر ئادەمنى مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، پۈتۈن ئائىلىدىكىلەرنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش»نى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش بۇ كەنتتىكى نامرات نوپۇسنىڭ ھەممىسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشى، نامرات كەنتنىڭ قالپىقىنى ئېلىۋېتىشىدىكى سىرى.

نامراتلارنى يۆلەش سېخى ئىشىك ئالدىدا قۇرۇلدى

«بىز كەسىپ تۈرىنىڭ باشلامچىلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، پۈتۈن كەنتنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ ئەلالىشىپ دەرىجىسىنىڭ ئۆسۈشىگە تۈرتكە بولدۇق. 2018 - يىلدىن بۇيان،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

خۇشاللىققا تولغان دۆلەت بايرىمى — قەلبلەرنى ئىللىتقان جۇڭچيۇ

گۈزەل شىنجاڭ ھەر تەرەپتىن كەلگەن مېھمانلارنى خۇشال كۈتۈۋالدى

□ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز ياۋ گاڭ، رىن جياڭ ئىختىيارىي مۇخبىر لى لىك**

دۆلەت بايرىمىلىق دەم ئېلىش مەزگىلىدە، قاناس مەنزىرە رايونى زور بىر تۈركۈم كوللېكتىپ ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋالدى.

«ھازىر دەل قاناس، قۇمقاناس مەنزىرە رايونلىرىنىڭ كۈز مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىدىغان ئەڭ ياخشى مەزگىل، ئىچكىرى رايونلاردىن كەلگەن ساياھەتچىلەر ناھايىتى كۆپ.» دۆلەت بايرىمىلىق، جۇڭچيۇ بايرىمىلىق دەم ئېلىش مەزگىلىدە، جۇڭگو ياشلار ساياھەت كوپىراتىپى شىنجاڭ خەلقئارا ساياھەت كوپىراتىپىنىڭ ساياھەت يېتەكچىسى ئېرتاي ئېنبېك ئىنتايىن ئالدىراش بولۇپ كەتتى. «قاراڭ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ساياھەتچىلەر قاناستا جەم بولدى، ئۇلارنىڭ شىنجاڭنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى ماختىغانلىقنى ئاڭلاپ، ئىنتايىن پەخىرلەندىم» دېدى ئېرتاي.

ئىگىلىنىشىچە، 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 5 - كۈنىگىچە، ئالتاي ۋىلايىتى كۈتۈۋالغان ساياھەتچى 1 مىليون 39 مىڭ 300 ئادەم قېتىم، ساياھەت كىرىمى 571 مىليون يۈەن بولغان.

دەم ئېلىش مەزگىلىدە، تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىنىڭ مەنزىرىسى تولىمۇ گۈزەل بولۇپ كەتتى، شىنجاڭ ھەر تەرەپتىن كەلگەن مېھمانلارنى خۇشال كۈتۈۋالدى، ھەرقايسى مەنزىرە رايونلىرى، مەنزىرە نۇقتىلىرى داۋاملىق قىزىپ كەتتى.

تىك ئۇچار ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ، يۇقىرى بوشلۇقتا باغراش كۆلى داخىكۇ مەنزىرە رايونىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىدىن قانغۇچە ھۇزۇرلىنىۋاتقان خاڭجۇلۇق ساياھەتچى خې لى ئىنتايىن ھاياجانلىنىپ مۇنداق دېدى:

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

تيانشان چوڭ جىلغىسىنىڭ كۈز مەنزىرىسى تولىمۇ گۈزەل | 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، ساياھەتچىلەر ئۈرۈمچى تيانشان چوڭ جىلغىسى مەنزىرە رايونىدا سەيلە قىلماقتا. □ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز خەن لياڭ فوتوسى

سۆز ھەممىگە

سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغ — گۈزەل مەنزىرە، شۇنداقلا بەخت ئاساسىي رەڭگى

□ **خوۋ خۇي**

بۇ سەككىز كۈنلۈك ئۇزاق دەم ئېلىشتا، تەرەپ - تەرەپتىن كەلگەن كىشىلەر ياخشى كەيپىيات بىلەن «جاھاندىكى گۈزەل ماكان» قاناسقا بېرىپ، شىنجاڭدىكى تەڭداشسىز كۈز مەنزىرىسىدىن ھۇزۇرلاندى؛ كامېرالىرىنى ئېلىپ، زۇمرەتتەك سۈيى دولقۇنلاپ تۇرغان تارىم دەرياسى بويىغا بېرىپ، توغراقلىقنىڭ ئالتۇن رەڭلىك شولىسىنى سۈرەتكە ئالدى؛ كائىناتقا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى بىلەن سىرلىق نۇرجا چوڭ جىلغىسىغا بېرىپ، چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا نەزەر سالدى؛ قەھرىمانلارغا بولغان ھۆرمىتى بىلەن مايتاغ - كۇچا تاشيولىغا بېرىپ، تەبىئەتتىكى ئۈستىلىق بىلەن ياسالغان كارامەتلەردىن ھۇزۇرلاندى...

كىشى قەلبىنى مەھلىيا قىلىدىغان شىنجاڭنىڭ بۇ مەنزىرىلىرى «سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۈزى بىر بايلىق» دېگەن ئىدىيەنى جانلىق شەرھلەپ، شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ مۇنبەت تۇپراقنى بارغانسېرى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان قىلدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، يېشىل تەرەققىيات، ئەڭ قاتتىق بولغان ئېكولوگىيەنى قوغداش تۈزۈمى، سۇ بايلىقىنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، ئېكولوگىيە قىزىل سىزىقىنى چىڭ ساقلاش...

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى

خوتەندە:

گۆش قويى كەسپىنىڭ دەرىجىسى ئۆستى، ئاممىنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇش كۆرسەتكۈچى ئۆرلىدى

«ئالتنى مۇقىملاشتۇرۇش» «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىرىنچى سېپىدە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىمىز ⑳

□ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز پەرىزات ئابدۇل، جوۋ پېڭ، سۇ شۈەنمىڭ**

«تۇرمۇشۇم بارغانسېرى ياخشىلىنىۋاتىدۇ، تىرىشىپ ئىشلەپ پۇل تېپىپ، باقمىچىلىق مەيدانى قۇرۇش ئارزۇيۇمنى بالدۇرراق ئىشقا ئاشۇردۇمەن» دېدى 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى 24 ياشلىق مۇتەللىپ توختىروزى كېرىيە ناھىيەسى شۋول يېزىسىنىڭ كۆپ تۇللەيدىغان گۆش قويى كۆپەيتىش مەيدانىدا قوتاندىكى قويلارغا يەم - خەشەك بەرگەچ.

مۇتەللىپ شۋول يېزىسى ئوجۇللۇق كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى. 2018 - يىلىنىڭ ئاخىرى، كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن، ئۇ كۆپ تۇللەيدىغان گۆش قويى كۆپەيتىش مەيدانىغا كېلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتى.

«ئۆيدە قوي باققاندا نېمە بولسا شۇنىڭ بىلەن بېقىپ، ئوزۇقلۇق تەڭشەشنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيتتىم. كۆپەيتىش مەيدانى كۆپ تۇللەيدىغان گۆش قويى نەسلى، بوغۇزنى ئىلمىي نىسبەتتە تەڭشەش، يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ بىرتۇتاش ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش... جەھەتلەردە نەزەر دائىرەمنى كېڭەيتتى» دېدى مۇتەللىپ.

بۈگۈنكى كۈندە، مۇتەللىپ بىلەن ئاكىسى ئىككىلەن كۆپەيتىش مەيدانىدا ئىشقا ئورۇنلىشىپ، ھەر ئايدا 2500 يۈەن ئەتراپىدا مائاش ئالىدۇ، باقمىچىلىق تېخنىكىسىنى ئىگىلىگەن ئاكا - ئۇكا ئىككىلەن يەنە ئۆيدە 130 قوي باقتى،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

新疆日報 | 石榴云 | 天山网 news www.ts.cn
新 疆 报 业 传 媒 集 团